# ئېسىل ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئارمىيەمىز ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىياتىغا، ئومۇميۈزلۈك قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭ يىغىندا مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ ئالدى بىلەن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىندا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشقا دائىر بىرقانچە مۇھىم، زور مەسىلە توغرىسىدىكى قارار ماقۇللاندى. ئومۇمىي يىغىننىڭ قارارىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش پۈتۈن پارتىيەنىڭ ھازىرقى بىر تۈرلۈك مۇھىم سىياسىي ۋەزىپىسى. ئومۇمىي يىغىن قارارىنىڭ مەخسۇس بىر قىسمىدا پارتىيەنىڭ خەلق ئارمىيەسىگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىك تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، خەلق ئارمىيەسىنىڭ يېڭى دەۋردىكى بۇرچ ـ ۋەزىپىسىنى سادىقلىق بىلەن ئادا قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇنلىغان ۋەزىپىلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىدىن باشلاپ تۇتۇش كېرەك. پۈتۈن ئارمىيە ئارمىيەمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ھەقىقىي تۈردە پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ياخشى ئۆگىنىشى، ياخشى ئۆزلەشتۈرۈشى، ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇشى كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئاساسىي قاتلام قىسمنىڭ بارلىق خىزمىتى ۋە جەڭگىۋارلىقىنىڭ ئاساسى. پارتىيەمىز ئارمىيە قۇرۇش، ئارمىيەنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئەمەلىيىتى داۋامىدا باشتىن ـ ئاخىر ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى، ئارمىيەمىزنىڭ كىچىكلىكتىن زورىيىپ، ئاجىزلىقتىن قۇدرەت تېپىپ، غەلىبىدىن غەلىبىگە قاراپ مېڭىشىدا ئاساسىي قاتلامدىكى كەڭ ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەر مۇھىم تۆھپە قوشتى. ۋەزىيەتنىڭ قانداق ئۆزگىرىشىدىن قەتئىينەزەر، ئاساسىي قاتلامغا تايىنىش، ئاساسىي قاتلامنى كۈچەيتىپ قۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ خىزمەتنى مەڭگۈ يوقىتىپ قويۇشقا بولمايدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە مەركىزىي ھەربىي كومىتېت پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ ئاساسىي قاتلامنى تۇتۇشنى تۇتۇپ، ئۇرۇش تەييارلىقى مەشىقىدە ئاساسىي قاتلامنى تۇتۇشنى تۇتۇپ، ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەر ئاساسىي گەۋدىسىنىڭ ئاساسىي قاتلامنى تۇتۇشنى تۇتۇپ، قانۇنچىللىقنى قاتتىق يولغا قويۇپ، ئاساسىي قاتلامنى تۇتۇشنى تۇتۇپ، سىياسىي ئاساسنى كۈچەپ مۇستەھكەملەپ، ئەسكەرلەرنى مەشىقلەندۈرۈش ـ ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، كۈچ تۈزۈلۈشنى قايتا تەشكىللەپ، قۇرۇلۇش تەرتىپىنى مۇنتىزىملاشتۇرۇپ، ئىچكى كەيپىياتنى ساپلاشتۇرۇپ، ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ، ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇپ، ئارمىيەمىزنىڭ ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىدا تېز ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بۇ يىللاردا، ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، ئارمىيەنى گۈللەندۈرۈش قەدىمى ناھايىتى تېز بولدى، ئارمىيەمىزنىڭ ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىدىكى بۇرچ، ۋەزىپە تەلىپى، قۇرۇلۇش ماھىيەتلىك مەزمۇنى، كۈندىلىك مەشغۇلات ھالىتى، قىسمنىڭ تەشكىلىي ھالىتى، ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرنىڭ تەركىبىي قۇرۇلمىسى، تاشقى جەمئىيەت مۇھىتى قاتارلىق جەھەتلەردە نۇرغۇن يېڭى ئەھۋال، يېڭى ئۆزگىرىشكە دۇچ كەلمەكتە. ئىلمىي ئىگىلەپ، پائال ماسلىشىپ، گەۋدىلىك زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل ھەل قىلىپ، ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىياتىغا، ئومۇميۈزلۈك قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىشتا قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان ئاساسىي قاتلام بەرپا قىلىپ، پارتىيەنىڭ ئارمىيەگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكىنى ئاساسىي قاتلامغا بىۋاستە يەتكۈزۈش، ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرگە بىۋاستە يەتكۈزۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئاساسىي قاتلامدىكى ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرگە بولغان سىياسىي يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىپ، پارتىيەنىڭ ئىلمىي نەزەرىيەسى ئارقىلىق لىيەن قۇرۇش، ئادەم تەربىيەلەشتە چىڭ تۇرۇپ، يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ۋە يېڭى دەۋر پارتىيەنىڭ ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىدىيەسى ئارقىلىق ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرنى قوراللاندۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى ۋە «قىزىل گېنىغا ۋارىسلىق قىلىش، ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئېغىر ۋەزىپىسىنى زىممىگە ئېلىش» باش تېما تەربىيەسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، قىزىل گېننى ئەۋلادمۇئەۋلاد يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، پارتىيەنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنۇش، ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىشلىرىغا ئۆزىنى بېغىشلاشنىڭ ئىدىيەۋى ـ سىياسىي ئاساسىنى پۇختىلاش كېرەك. ئىشەنچ نەزەرى، قايىللىق نەزەرى، تەرەققىيات نەزەرى بىلەن ئاساسىي قاتلامدىكى ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرگە مۇئامىلە قىلىپ، يېڭى دەۋر ئىدىيەۋى ـ سىياسىي تەربىيە سىستېمىسى بەرپا قىلىش ئۈستىدە ئىزدىنىپ، تەربىيەنىڭ قاراتمىلىقى ۋە ئەمەلىي ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ سىياسىي ئىقتىدارى ۋە تەشكىللەش كۈچىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، شۆبىلەر قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، تەشكىلات تەسىس قىلىش ۋە مەشغۇلات ئۇسۇلىنى قېلىپلاشتۇرۇش ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ جەڭگىۋار قورغانلىق رولى ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جەڭ قىلالايدىغان، جەڭدە غەلىبە قىلالايدىغان بولۇشتا قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان ئاساسىي قاتلام بەرپا قىلىپ، ئاساسىي قاتلامنى ھەقىقىي تۈردە چاقىرغان ھامان كېلىدىغان، كەلگەن ھامان جەڭ قىلالايدىغان، جەڭدە چوقۇم غەلىبە قىلالايدىغان قىلىش كېرەك. جەڭگىۋارلىق ئۆلچىمىدە چىڭ تۇرۇپ، جەڭگىۋار ئەترەت ئىدىيەسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش، ئۇرۇش قىلىش قوماندانلىق كالتىكىنى ئاساسىي قاتلامدا مۇستەھكەم تىكلەپ، جەڭگىۋارلىق تۆھپە نىسبىتى بويىچە تۈرلۈك قۇرۇلۇشلارنى بىرتۇتاش پىلانلاش كېرەك. ئاساسىي قاتلام جەڭگىۋارلىقىنىڭ ھاسىل بولۇش ۋە قوللىنىلىش ئالاھىدىلىكى، قانۇنىيىتى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇش سۈپىتى ۋە قوماندانلىق ئۈنۈم ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ئەمەلىي جەڭ قىلىش ـ ئەمەلىي مەشىق قىلىش، پروگرامما بويىچە مەشىق قىلىش، مەشىقنى قاتتىق ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، قاراتمىلىق، ماسلىشىشچانلىق مەشىقىنى كۈچەيتىپ، يېڭى قورال ـ جابدۇق يېڭى كۈچ مەشىقىنى كۈچەيتىپ، مەشىق بازىسىنى مۇستەھكەملەپ، مەشىق كاپالىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەشىقنىڭ ئەمەلىي جەڭ قىلىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. «ئۈچنى بىر گەۋدە قىلىش» يېڭىچە ھەربىي ئىشلار ئىختىساسلىقلىرىنى يېتىشتۈرۈش سىستېمىسىنى تېز بەرپا قىلىپ، ئاساسىي قاتلام ئەمەلىيەت سۇپىسىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، ئاممىۋى خاراكتېرلىك ھەربىي مەشىق، ماھارەت كۆرسىتىش پائالىيەتلىرىنى ياخشى تۇتۇپ، ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرنى مەۋقەنى ئۆز ئىش ئورنىغا قويۇپ، ئۆسۈپ يېتىلىپ، ئىختىساسلىقلاردىن بولۇشقا ئىلھاملاندۇرۇپ، ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىنىڭ ئىختىساسلىقلار تىرىكىنى مۇستەھكەملەش كېرەك. كۈرەش قىلىش روھىنى يېتىلدۈرۈشنى كۈچەيتىپ، بىرىنچىدىن، جاپا ـ مۇشەققەتتىن قورقماسلىق، ئىككىنچىدىن، ئۆلۈمدىن قورقماسلىق روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرنى ناھايىتى جەڭگەرلىك بولۇشقا يېتەكلەش، قىسمنى ھەيۋە كۆرسىتەلەيدىغان بولۇشقا يېتەكلەش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: قانۇن، ئىنتىزامدا قاتتىق، كەيپىياتى دۇرۇس بولۇشتا قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان ئاساسىي قاتلام بەرپا قىلىپ، قاتتىق بولغان قانۇنچىللىق ۋە ئىنتىزام ئارقىلىق پولاتتەك ئىرادىنى مۇجەسسەملەپ، پولاتتەك ئىستىلنى تاۋلاپ، پولاتتەك قوشۇن بەرپا قىلىش كېرەك. ئارمىيەنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش، ئارمىيەنى قاتتىق ئىدارە قىلىش فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قائىدە ـ نىزاملارنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، پروگرامما بويىچە قۇرۇلۇشنى تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىغا ئالاقىدار سىياسەت ـ تۈزۈملەرنى ئومۇميۈزلۈك رەتلەپ، ئىلمىي دەلىللەشنى ياخشى قىلىپ، تۇرغۇزۇش، تۈزىتىش كىرگۈزۈش، بىكار قىلىش، ئىزاھلاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. قىسمنى قاتتىق باشقۇرۇپ، قاتتىق تەلەپ قويۇش بىلەن سەممىي كۆڭۈل بۆلۈشنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئىنتىزام چەكلىمىسى بىلەن قايىل قىلىش تەربىيەسىنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، قىسمنىڭ يۈكسەك مەركەزلەشكەن بىرلىككە ۋە بىخەتەرلىكى، مۇقىملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئىستىلنى توغرىلاش، ئىنتىزامنى چىڭىتىش، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش بېسىمىنى ئاساسىي قاتلامغا يەتكۈزۈپ، ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەر ئەتراپىدىكى «ئۇششاق چىرىكلىك» ۋە ناتوغرا ئىستىلنى چوڭقۇر تۈزىتىپ، ئاساسىي قاتلامنى پاك قىلىش كېرەك. كادىرلارنى ھۆرمەتلەش، ئەسكەرلەرگە كۆيۈنۈش، ئەسكەرلەر دوستانە ئۆتۈش پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەردە جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ بىرگە بولىدىغان، ھايات ـ ماماتتا بىللە بولىدىغان ئىنقىلابىي دوستلۇق رىشتى يېتىلدۈرۈپ، ئىتتىپاق، دوستانە، ئىناق، پاك بولغان ئىچكى مۇناسىۋەتنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: پارتىيەنىڭ ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىغا بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ئورگانلىرى ئاساسنى كۈچەيتىش، ئۇلنى پۇختىلاش ئىدىيەسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئاساسىي قاتلامنى چىڭ تۇتۇشتەك روشەن يۆنىلىشنى تۇرغۇزۇپ، خىزمەتنىڭ ئېغىرلىق مەركىزىنى ئاساسىي قاتلامغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاساسىي قاتلام قۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىش، ياردەم بېرىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش كېرەك. ئاساسىي قاتلامنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇش، ئەسكەرلەرنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرنىڭ سۇبيېكتلىق ئورنى ۋە ئىجادكارلىق روھىغا تولۇق ھۆرمەت قىلىپ، ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ، شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىقنى قەتئىي يېڭىش كېرەك. خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىشنىڭ ئىلمىيلىكىنى كۈچەيتىپ، ئۆز ئورنى، ئۆز سىستېمىسىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىغا تۈرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىشنى ياخشى ئىشلەپ، دائىملىق، ئۇزۇنلۇق خىزمەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قاتتىق تۇتۇش كېرەك. قۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىش، ياردەم بېرىشنىڭ كۈچەش نۇقتىسىنى ئاساسىي قاتلامنىڭ ئۆز قۇرۇلۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە قويۇپ، ئاساسىي قاتلام خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ھوقۇقى، خادىملارنى ئىشلىتىش ھوقۇقى، مال ـ مۈلۈكنى باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش كېرەك. ئاساسىي قاتلامنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرگە قارىتا، تەشەببۇسكارلىق بىلەن يېقىنلىشىپ، بارلىق چارە ـ ئاماللار بىلەن ياردەم بېرىپ ھەل قىلىش كېرەك. ھەربىي كومىتېت ئومۇمىي جەھەتتىن باشقۇرۇش، ئۇرۇش رايونى ئاساسلىق ئۇرۇش قىلىش، ئارمىيە تۈرلىرىنى ئاساس قىلىپ قۇرۇش ئومۇمىي پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىپ، مەشغۇلات مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاشنى كۈچەيتىپ، راۋان، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولغان ئاساسىي قاتلام خىزمىتىنى تۇتۇش ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى شۈ چىلياڭ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ يۇشيا يىغىنغا قاتناشتى ھەم شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش، يېڭى دەۋردە ئارمىيەمىزنىڭ ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ ئەزالىرىدىن ۋېي فېڭخې، مياۋ خۇا، جاڭ شېڭمىن يىغىنغا قاتناشتى. ھەرقايسى ئۇرۇش رايونلىرى، ھەرقايسى ئارمىيە تۈرلىرى، ھەربىي كومىتېت ئورگىنىنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرى، ھەربىي ئىشلار ئاكادېمىيەسى، دۆلەت مۇداپىئە داشۆسى، دۆلەت مۇداپىئە پەن ـ تېخنىكا داشۆسى ۋە قوراللىق ساقچى قىسمىدىكى ئالاقىدار رەھبىرىي يولداشلار ھەمدە قىسمەن ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىنىڭ ۋەكىللىرى يىغىنغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ھازىر جۇڭگو ـ گرېتسىيە ئىككى دۆلەت دۆلەت تەرەققىياتىنىڭ يېڭى تارىخىي مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىدۇ، ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتى يېڭى تارىخىي پۇرسەتكە دۇچ كېلىۋاتىدۇ. مەن بۇ قېتىمقى زىيارەت ئارقىلىق، گرېتسىيە رەھبەرلىرى بىلەن بىرلىكتە، جۇڭگو ـ گرېتسىيە مۇناسىۋىتى تەرەققىياتىنىڭ يېڭى ئۇلۇغۋار پىلانىنى ئورتاق سىزىپ چىقىشنى خالايمەن. بىز جۇڭگو ـ گرېتسىيە مۇناسىۋىتىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك سەۋىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، ئومۇميۈزلۈك ھەمكارلىشىدىغان ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلاردىن بولۇشىمىز كېرەك. بىز ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئەمەلىي ھەمكارلىق سەۋىيەسىنى پۇختا ئۆستۈرۈپ، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ، ئورتاق پايدا ئالىدىغان ھەمراھلاردىن بولۇشىمىز كېرەك. بىز «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش ھەمكارلىق سەۋىيەسىنى تېز ئۆستۈرۈپ، جۇڭگو ـ ياۋروپا ھەمكارلىقىنىڭ ئۈلگىلىرىدىن بولۇشىمىز كېرەك. بىز مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ھەمكارلىقىنى ئالغا سىلجىتىپ، مەدەنىي سۆزلىشىشنىڭ ئۈلگىلىرىدىن بولۇشىمىز كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ھازىر، خەلقئارا ۋەزىيەتتە چوڭقۇر، مۇرەككەپ ئۆزگىرىش بولۇۋاتىدۇ. جۇڭگو بىلەن گرېتسىيە قەدىمىي مەدەنىيلىكنىڭ چوڭقۇر ئەقىل ـ پاراسىتىنى قېزىپ، مەدەنىي قەدىمىي دۆلەتنىڭ تارىخىي مەسئۇلىيەتچانلىقىنى نامايان قىلىپ، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىدىغان، ئادىل، ھەققانىي، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئالىدىغان يېڭىچە خەلقئارا مۇناسىۋەت بەرپا قىلىشقا ئورتاق تۈرتكە بولۇشىمىز، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا ئورتاق تۈرتكە بولۇشىمىز كېرەك.

---

### ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى ئورۇن، تارماقلار پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش قىزغىن دولقۇنىنى تېزدىن قوزغىدى

# يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىمىز

**گېزىتىمىزنىڭ ئۇنىۋېرسال خەۋىرى** بىرنەچچە كۈندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا نازارىتى، شەرقىي جۇڭغار ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى، شىنجاڭ گۇاڭخۇي ئوقەتچىلىك مەبلەغ سېلىش(گۇرۇھ)چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشنى تېزلەتتى.

ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا نازارىتى:

**پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا خىزمىتىدە تەرەققىيات يېڭى ۋەزىيىتى يارىتىمىز**

ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا نازارىتى پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، قىلچە تەۋرەنمەي سوتسىيالىستىك ئاساسىي ئىقتىساد تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، زامانىۋىلاشقان ئىقتىساد سىستېمىسى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى چوڭقۇر يولغا قويۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا خىزمىتىنىڭ تەرەققىيات يېڭى ۋەزىيىتىنى تىرىشىپ يارىتىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم يېزا خىزمىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا نازارىتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى جۇ گاڭ مۇنداق دېدى: بۇ يىل ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتىكى ئاچقۇچلۇق يىل، «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدا مۇھىم، زور ئەھمىيەتكە ئىگە. پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا تارماقلىرى پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىنى پۇختا ئىگىلەپ، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى قىلچە بوشاشتۇرۇپ قويماي، يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كۈچنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇشى كېرەك. يېڭى بىر نۆۋەتلىك يېزا ئىسلاھاتىنى ئالغا سىلجىتىپ، يېزىلارنىڭ ئۇل ئەسلىھە ۋە ئاممىۋى مۇلازىمەتتىكى كەمتۈكلۈكنى تولۇقلاشنى تېزلىتىپ، يېزا ـ كەنت يىرىك پىلانى قۇرۇلۇشى ۋە جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا، ياخشى ئىشلەش كېرەك. يېزا ئىگىلىكىنى بىلىدىغان، يېزىلارنى سۆيىدىغان، دېھقانلارغا رىشتە باغلىغان يېزا خىزمىتى قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، دېھقانلارنىڭ سۇبيېكتلىق رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، كەڭ دېھقانلارنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئاشۇرۇپ، يېزا جەمئىيىتى چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئىناق، مۇقىملىقى ۋە يېزا ئىقتىسادىنىڭ سىجىل ساغلام تەرەققىياتىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى ئۈزلۈكسىز پۈتۈش كېرەك.

شىنجاڭ گۇاڭخۇي ئوقەتچىلىك مەبلەغ سېلىش(گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى:

**دىققەتنى ئاساسىي كەسىپتە يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تۈرتكە بولۇشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرىمىز**

شىنجاڭ گۇاڭخۇي ئوقەتچىلىك مەبلەغ سېلىش(گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى. بىرنەچچە كۈندىن بۇيان، گۇاڭخۇي ئېنېرگىيەسى قومۇل شەھىرى نوم كۆمۈرچىلىك، كۆمۈر ـ خىمىيە سانائەت بازىسىدىن تارتىپ، جياڭسۇ چىدۇڭ LNG ئەشيا ئوبوروت ئۆتەڭ بازىسىغىچە، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش قىزغىن دولقۇنى قوزغالدى.

ئاپتونوم رايونلۇق سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، گۇاڭخۇي گۇرۇھىنىڭ باش مۇدىرى سۈن گۇاڭشىن مۇنۇلارنى بىلدۈردى: پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنى دۆلىتىمىزنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتا مۇھىم، زور ئەھمىيەتكە ئىگە. شىنجاڭدا دۇنيادىكى 500 كۈچلۈك كارخانىنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن گۇاڭخۇي گۇرۇھىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنىڭ مۇقەررەرلىكى ۋە تەخىرسىزلىكىگە بولغان تونۇشى تېخىمۇ چوڭقۇر بولدى. گۇاڭخۇي گۇرۇھى ئاپتونوم رايوننىڭ «ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭى»نى ياخشى قىلىشقا كۈچەپ ياردەم بېرىپ، تۈرتكە بولۇپ، پۇل مۇئامىلە خەۋپ ـ خەتىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، تۈگىتىپ، پىشاڭ تۈگىتىش خىزمىتىنى قەتئىي ياخشى ئىشلەيدۇ؛ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئېغىر نامرات رايونلاردىن ئىبارەت بۇ مۇھىم تۇتقىنى تۇتۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشقا داۋاملىق كۈچ قوشىدۇ؛ يېشىل تەرەققىيات يولىدا مېڭىشتا چىڭ تۇرۇپ، ھازىرقى يېڭى تىپتىكى كۆمۈر ـ خىمىيە سانائىتى تۈرلىرى ئاساسىدا، تېخنىكىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ۋە كەسىپ زەنجىرىنى تۆۋەنگە ئۇزارتىشنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى قىلىپ، ئىنچىكىلەشتۈرۈلگەن گۈڭگۈرت ـ خىمىيە سانائىتى، كوكس مېيىغا ھىدروگېن قوشۇش، كۆمۈر گازىدىن ئېتىلىن گلىكول ياساش قاتارلىق كەسىپلەرنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئايلانما ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، دۆلەتنىڭ ئېنېرگىيە تېجەش ۋە بۇلغىما ئازايتىش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشى ئۈچۈن كۈچ قوشىدۇ. گۇاڭخۇي گۇرۇھى ھەقىقىي تۈردە مۇقىملىقنى قوغداش، ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى كېڭەيتىش، تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش قاتارلىق جەھەتلەردە تېخىمۇ زور تۆھپە قوشىدۇ.

شەرقىي جۇڭغار ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى:

**يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىمىز**

شەرقىي جۇڭغار ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى يېقىندا پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش مەخسۇس تېمىلىق ئۆگىنىش يىغىنى ئېچىپ، ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، زامانىۋىلاشقان «كۆمۈرچىلىك، كۆمۈر ئېلېكتر، كۆمۈر ـ خىمىيە سانائىتى، يېڭى ماتېرىيال، يېڭى ئېنېرگىيە» قاتارلىق يېشىل كەسىپ سىستېمىسىنى كۈچەپ بەرپا قىلىپ، تىرىشىپ شەرقىي جۇڭغارنىڭ ئېنېرگىيە ئەۋزەللىكىنى ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات ئەۋزەللىكىگە ئايلاندۇرىدۇ، شەرقىي جۇڭغارنى زامانىۋى كۆمۈرچىلىك، كۆمۈر ئېلېكتر، كۆمۈر ـ خىمىيە سانائىتىدە يېڭىلىق يارىتىش كەسىپلەر تەرەققىيات رايونى قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنى تېزلىتىدۇ.

شەرقىي جۇڭغار تەرەققىيات رايونى يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، دۆلەتنىڭ «ئۈچ بازا، بىر يول» ئىستراتېگىيەلىك ئورنىنى زىچ چۆرىدەپ، مەۋقەنى بايلىق تىپىدىكى كەسىپ ئالاھىدىلىكى ۋە ئەۋزەللىكىگە قويۇپ، ئېكولوگىيە، يېشىل، مۇھىت ئاسراش كەسىپلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ئايلانما ئىقتىساد مۇھىم نۇقتا قىلىنغان يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات يولىدا ماڭىدۇ. كېيىنكى قەدەمدە، شەرقىي جۇڭغار تەرەققىيات رايونى «سەرپىياتنى تۆۋەنلىتىش، زەنجىرنى ئۇزارتىش، ئايلاندۇرۇش، ئاساسنى كۈچەيتىش»نى تەڭ قوللىنىشتا چىڭ تۇرۇپ، تېخنىكا ئۆزگەرتىپ بىر تۈركۈمنى ياخشىلاش، ئىنچىكە پىششىقلاپ بىر تۈركۈمنى ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق، كەسىپتە تىپنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىنى ئۆستۈرۈشنى ئۈزلۈكسىز تېزلىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، داۋاملىق تۈردە خام ماتېرىيالنى تولۇق پىششىقلاشقا كۈچ سەرپ قىلىپ، كارخانىنىڭ ئىچكى قىسمى، رايون كەسىپلىرى ئارا ۋە تەرەققىيات رايونىدىن ئىبارەت ئۈچ قاتلامنىڭ ئايلانما تەرەققىياتىنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، كېرەكسىز سۇ، كېرەكسىز گاز، كېرەكسىز داشقال قاتارلىق «ئۈچ كېرەكسىز»دىن ئۇنىۋېرسال پايدىلىنىش كەسىپ زەنجىرىنى ئۇزارتىش تۈرىنى نۇقتىلىق راۋاجلاندۇرۇپ، ئەنئەنىۋى بولغان «بايلىق ـ مەھسۇلات ـ كېرەكسىز ماددا»دىن ئىبارەت سىزىقلىق ئىقتىساد ئەندىزىسىنى «بايلىق ـ مەھسۇلات ـ ھاسىلىي بايلىق»تىن ئىبارەت يېپىق ھالقىلىق ئىقتىساد ئەندىزىسىگە ئايلاندۇرۇپ، تۇرمۇش ۋە سانائەت ئەخلەتلىرىنى كېرەكسىزدىن گۆھەرگە ئايلاندۇرۇش، تەكرار پايدىلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

(مۇخبىرلىرىمىز **لىيۇ يى، ۋاڭ يۇجاۋ، ما يىنىڭ،** ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز **لىيۇ شۇجيېڭ** يازغان)